ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دىنىي ساۋات

«مەن مۇسۇلمان» يۈرۈشلۈك ئەسەرلىرى

تاھارەت

ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكىدۇر.

تاھارەت ئىماننىڭ يېرىمىدۇر.

سابىيە

ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

تەييارلىغۇچى:

مۇھەممەد سابىر مۇھەممەد

پىلانلىغۇچى ۋە تەھرىرلىگۈچى:

شەيخ مىرئالىم ئابدۇلمەجىد

كاشغەرىي

ساجىيە

ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

saciyeder@gmail.com

www.sajiya.biz

تۈركىيە - ئىستانبۇل

05537654555

2020- يىل ئىيۇن

ئىككىنچى نەشرى

ئالدى بىلەن سىزنىڭ ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى نەشىر قىلغان ئەسەرلەرنى تاللىغىنىڭىزغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز، ھەممىگە قادىر ئاللاھدىن ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان ئەسەرلەر ئارقىلىق ھەممىمىزگە نەپ يەتكۈزۈشىنى ۋە قوبۇل قىلىشىنى سەممىيلىك بىلەن تىلەيمىز.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب بالىلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن دىنىي تەلىم - تەربىيە كىتابى بولۇپ، بىز سەبى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئەسەرلىرىمىزنى بۇنىڭدىنمۇ ياخشى قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق ۋە ۋاقىت ئاجرىتىشتا بېخىللىق قىلمايمىز... ئەسەرلىرىمىزنى توردا تارقىتىشتىكى مەقسەت - نىشانىمىز توردىكى ئۇيغۇرچە دىنىي مەزمۇنلارنى بېيىتىش، شۇنداقلا ئېھتىياجلىق كىشىلەرنىڭ ئۇنى ھەر ۋاقىت توردىن چۈشۈرۈپ پايدىلىنىشى ئۈچۈندۇر.

بۇ ئەسەرلەر توردا ھەقسىز تارقىتىلىدىغان بولۇپ پەقەت شەخسىي ۋە تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرىدىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەسەرلىرىمىزنىڭ نەشىر ھوقۇقى ساجىيە ئىسلام تەتقىقات مەركىزىگە تەۋە، قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىش، ياكى سودا تور بېكەتلىرىگە خالىغانچە قايتا يوللاش ھەمدە مەركەزنىڭ لوگوسىنى ئۆچۈرۈۋېتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

كىتابنى ھەمبەھىرلىگۈچى ۋە چۈشۈرمەكچى بولغانلار ئۈچۈن توربەت ئادرېسىمىزنىڭ ئەسلى ئۇلانمىسى:

www.saciye.biz.com

تاھارەت ئېلىشنى ئۆگىنەيلى!

پاكىزلىق ئىماننىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئاللاھ تائالا بىزگە ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىمىزدا تاھارەت ئېلىشنى پەرز قىلغان.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينەككىچە يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇققىچە يۇيۇڭلار﴾ («مائىدە» سۈرىسى، 6 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ مۇنداق دېگەن: «تاھارەتسىز ئوقۇلغان ناماز قوبۇل بولمايدۇ.» («بۇخاري»، 6954 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 224 ـ ھەدىس)

تاھارەت ئېلىش: ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئېغىز - بۇرۇننى چايقاش، يۈز - كۆز، پۇت - قوللارنى يۇيۇش ۋە باشقا مەسھى قىلىش ئارقىلىق پاكلىنىشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۆمىن كىشى تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن قوللىرىنى يۇيغاندا گۇناھلىرى قوللىرىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ھەتتاكى تىرناقلىرىنىڭ ئاستىدىنمۇ چىقىپ كېتىدۇ، ئېغىزىنى چايقىغاندا، گۇناھلىرى ئېغىزىدىن چىقىپ كېتىدۇ، بۇرنىغا سۇ ئالغاندا گۇناھلىرى بۇرنىدىن چىقىپ كېتىدۇ، يۈزىنى يۇيغاندا گۇناھلىرى يۈزىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ھەتتاكى كىرپىكلىرىنىڭ ئاستىدىنمۇ چىقىپ كېتىدۇ، بېشىغا مەسھى قىلغاندا گۇناھلىرى بېشىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ھەتتاكى قۇلاقلىرىدىنمۇ چىقىپ كېتىدۇ، پۇتىنى يۇيغاندا گۇناھلىرى پۇتىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ھەتتاكى تىرناقلىرىنىڭ ئاستىدىنمۇ چىقىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئوقۇغان نامىزى ۋە مەسجىد يولىدا باسقان قەدەملىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن قوشۇمچە ساۋاب بولىدۇ.»

(«ئىمام مالىك» 30 - ھەدىس؛ «ئىمام ئەھمەد» 19091 - ھەدىس؛ «ئىبنى ماجە» 282 - ھەدىس؛ «نەسائىي» 103 - ھەدىس)

تاھارەت ئېلىشقا بولىدىغان سۇلار

تۆۋەندىكى سۇلارنىڭ رەڭگى، تەمى، ياكى پۇرىقى ئۆزگەرمىگەن بولسا، ئۇلاردا تاھارەت ئېلىشقا بولىدۇ.

يامغۇر سۈيى

دېڭىز ۋە دەريا سۇلىرى

قۇدۇق سۈيى



بۇلاق سۈيى

قار سۇيى



كۆل سۇيى

تۇرۇبا سۇيى

تاھارەتنىڭ پەرزلىرى

1

يۈزنى يۇيۇش

2

ئىككى قولنى جەينەك بىلەن
قوشۇپ يۇيۇش

3

باشنىڭ تۆتتىن بىرىگە مەسھى قىلىش
(ھۆل قول بىلەن سىلاش)

4

ئىككى پۇتنى ئوشۇق بىلەن
قوشۇپ يۇيۇش

ساجىيە

تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى

1. تاھارەتنى «بىسمىللاھ» بىلەن باشلاش
2. چىش چوتكىسى ياكى مىسۋاك ئىشلىتىش
3. ئېغىز - بۇرۇننى ئۈچ قېتىم چايقاش
4. باشنىڭ ھەممە يېرىگە ۋە قۇلاققا مەسھى قىلىش
5. بارماقلارنى ئارىلاش
6. ھەربىر ئەزانى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش
7. تاھارەتنى تەرتىپ بىلەن ئېلىش
8. ھەربىر ئەزانى يۇيۇشتا ئوڭ تەرەپتىن باشلاش
9. تاھارەت ئېلىۋېتىپ باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولماسلىق
10. ھەربىر ئەزانى يۇيۇشتا ئۇۋۇلاپ يۇيۇش
11. تاھارەتنى ئارقا - ئارقىدىن ئۇلاپ توختاتماي ئېلىش

تاھارەتنى بۇزىدىغان ئىشلار

يەل چىقىش ۋە چوڭ ـ
كىچىك تەرەت قىلىش.

ئېغىز ـ بۇرنى قاناش.

قان، يىرىڭنىڭ ئېقىشى.

ئۇخلاش

(ئۆرە تۇرۇپ ياكى ئولتۇرۇپ بىر يەرگە يۆلەنمەستىن ئۇخلىسا بۇزۇلمايدۇ)

هوشىدىن كېتىش.

ئېغىز توشقىچە مىقداردا قۇسۇش.

سۆيۈملۈك باللىرىم! تۆۋەندىكى سوئاللارغا قايسىڭلار جاۋاب بېرەلەيسىلەر؟

تاھارەت دېگەن نېمە؟

تاھارەتنىڭ پەرزلىرى قانچە، ئۇلار قايسىلار؟

تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى قايسىلار؟

قانداق سۇلاردا تاھارەت ئېلىشقا بولىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟

تاھارەت ئالغاندا يۇيۇلىدىغان ئەزالار قايسىلار؟

نېمە ئۈچۈن تاھارەت ئالغاندا ھەرئەزانى ئۈچ قېتىمدىن يۇيىمىز؟

تاھارەتنى بۇزىدىغان ئىشلار قايسىلار؟

قېنى، كېلىڭلار!

تاھارەت ئېلىشنى

باشلايلى!

«بسمىللاھ» دەپ باشلاش، نىيەت قىلىش ۋە قولنى يۇيۇش

1

ئالدى بىلەن تاھارەت ئېلىشنى نىيەت قىلىپ «بىسمىللاھ» دەپ باشلاپ، قوللىرىمىزنى بېغىشقىچە ئۈچ قېتىم يۇيىمىز.

ھەدىس

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئەمەللەر پەقەتلا نىيەتكە باغلىق، ھەربىر كىشى نىيەت قىلغىنىغا ئېرىشىدۇ، قانداق بىر ئادەمنىڭ ھىجرىتى مال - دۇنياغا ئېرىشىش ياكى بىرەر ئايالغا نىكاھلىنىش بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ھىجرىتى شۇنىڭغا بولىدۇ». («بۇخارىي»، 1 - ھەدىس)

ئېغىزنى چايقاش

2

قولىمىزنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوڭ قولىمىزدا سۇ ئېلىپ ئاغزىمىزنى ئۈچ قېتىم چايقايمىز، مىسۋاك ياكى چىش چوتكىسى بىلەن چوتكىلىساق تېخىمۇ ياخشى.

ھەدىس

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كىشىنى سۇ ئەكىلىشكە بۇيرىدى، سۇ كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئىككى ئالقىنىغا سۇ قۇيۇپ ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن ئوڭ قولىنى قاچىغا تىقىپ ئاغزى ـ بۇرنىنى ئۈچ قېتىمدىن چايقىدى، ئاندىن يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇدى ۋە ئىككى قولىنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىمدىن يۇدى. ئاندىن گەدىنىدىن بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىگىچە ياندۇرۇپ مەسھى قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى پۇتىنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇيۇپ بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى مۇشۇنداق تاھارەت ئېلىپ، ئاللاھتىن باشقىنى ئويلىماي ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ» دېگەنىدى، ـ دېدى.

(«بۇخارىي»، 160- ھەدىس)

بۇرۇننى چايقاش

ئېغىزنى چايقاپ بولغاندىن كېيىن، ئوڭ قولىمىزدا سۇ ئېلىپ سول قولىمىز بىلەن بۇرنىمىزنى ئۈچ قېتىم چايقايمىز.

3

ھەدىس

سەھرالىق بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا تاھارەت ھەققىدە سوراش ئۈچۈن كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھەربىر ئەزانى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئېلىپ كۆرسىتىپ قويدى ۋە: «تاھارەت مانا مۇشۇنداق ئېلىنىدۇ، كىمكى بۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتسە، چېكىدىن ئاشقان ۋە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ» دېدى.

(«ئەبۇ داۋۇد»، 135 - ھەدىس؛ «نەسائىي»، 140 - ھەدىس)

يۈزنى يۇيۇش

4

بۇرۇننى چايقاپ بولغاندىن كېيىن، ئوڭ قولىمىز بىلەن يۈزنى (پېشانىنىڭ چاچ ئۈنگەن يېرىدىن، ئېڭەكنىڭ ئاستىغىچە بولغان ئارىلىقنى) ئۈچ قېتىم يۇيىمىز.

هەدىس

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن مۇنداق ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ ئۈممىتىم قىيامەت كۈنى تاهارەتنىڭ تەسىرىدىن چىرايلىرى ۋە پۇت ـ قوللىرى نۇرلانغان هالدا چاقىرىلىدۇ، سىلەردىن كىمكى ئۆزىنىڭ نۇرىنى كېڭەيتەلىسە كېڭەيتسۇن».

(«بۇخارىي»، 136- هەدىس)

بىلەكنى يۇيۇش

5

يۈزنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئوڭ قولنى ئاندىن سول قولنى بېغىشتىن جەينەككىچە ئۈچ قېتىمدىن يۇيىمىز.

ھەدىس

نۇئەيم ئىبنى ئابدۇللاھ مۇجمىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاھارەت ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ تاھارەتنى كامىل ئالدى، ئالدى بىلەن يۈزىنى يۇيدى، ئاندىن ئوڭ ـ سول بىلىكىنى جەينىكىدىن ئۆتكۈزۈپ يۇيغاندىن كېيىن، بېشىغا مەسھى قىلدى، ئاندىن ئوڭ ـ سول پۇتىنىمۇ پاچىقىغا قەدەر يۇيۇپ بولۇپ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇنداق تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆرگەنىدىم ۋە: ‹سىلەر ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىن قىيامەت كۈنى تاھارەتنى كامىل ئالغانلىقى ئۈچۈن چىرايلىرى، پۇت ـ قوللىرى نۇرلانغان ھالدا چاقىرىلىدىغان كىشىلەر، سىلەردىن كىمكى ئۆزىدىكى نۇرنى كېڭەيتەلىسە كېڭەيتسۇن› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى».

(«مۇسلىم»، 246 ـ ھەدىس)

مەسھى قىلىش

بىلەكلىرىمىزنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى قولىمىز بىلەن بېشىمىزنىڭ ئالدى تەرىپىدىن باشلاپ گەدەنگىچە سۈرتۈپ، ئاندىن گەدەندىن بېشىمىزنىڭ ئالدى تەرىپىگىچە ياندۇرۇپ بىر قېتىم مەسھى قىلىمىز.

6

ھەدىس

ئەمر ئىبنى يەھيا ئەلمازىنىي ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر ئادەم ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قانداق تاھارەت ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلەمسەن؟» دېدى، ئابدۇللاھ: «ھەئە» دەپ سۇ ئەكەلدۈرۈپ ئىككى قولىغا سۇ قۇيۇپ ئىككى قېتىم يۇيۇپ ئاندىن ئېغىز- بۇرنىنى ئۈچ قېتىمدىن چايقىدى، يۈزىنى ئۈچ قېتىم، ئىككى بىلىكىنى جەينەككىچە ئىككى قېتىمدىن يۇيدى، ئاندىن ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن گەدىنىگىچە، ئاندىن گەدەندىن بېشىنىڭ ئالدىغىچە ماڭدۇرۇپ مەسھى قىلدى، ئاندىن پۇتلىرىنى يۇيدى.

(«بۇخارىي»، 185- ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 235 - ھەدىس)

7

باشقا مەسھى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كۆرسەتكۈچ بارمىقىمىز بىلەن ئىككى قۇلاقنىڭ ئىچىنى، باش بارمىقىمىز بىلەن قۇلاقنىڭ ئارقىسىنى سىلاپ مەسھى قىلىمىز.

ھەدىس

مىقدام ئىبنى مەئدى كەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەت ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، ئۇ ئىككى قۇلىقىنىڭ ئىچى ۋە تېشىغا مەسھى قىلغان ئىدى».

(«ئەبۇ داۋۇد»، 136 ـ ھەدىس)

پۇتنى يۇيۇش

8

قۇلاقنا مەسھى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئوڭ ئاندىن سول پۇتىمىزنىڭ بارمىقىدىن باشلاپ ئوشۇقىچە ئۈچ قېتىمدىن يۇيىمىز، شۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىپ بولغان بولىمىز.

تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ دۇئانى ئوقۇيمىز:

«ئاللاھۇممەجئەلنىي مىنەتتەۋۋابىينە ۋەجئەلنىي مىنەلمۇتەتاھھىرىين». مەنىسى: «ئى ئاللاھ! مېنى تەۋبە قىلغۇچىلاردىن ۋە پاكلانغۇچىلاردىن قىلغايلا».

ھەدىس

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: بىر قېتىم (مەككىدىن مەدىنىگە) قىلغان سەپىرىمىزدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىمىزدا قالغان ئىدى، ئەسىرنىڭ ۋاقتى قىستاپ قالغان چاغدا، رەسۇلۇللاھ ئارقىمىزدىن يېتىپ كەلدى، بىز تاھارەت ئېلىپ (يالاڭئاياغ) پۇتىمىزغا مەسھى قىلىۋاتاتتۇق، بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ: «ئارقىسى يۇيۇلمىغان پۇتلارغا دوزاخ ئازابىدىن ۋاي!» دەپ ئىككى ـ ئۈچ قېتىم توۋلىدى.

(«بۇخارىي»، 60 ـ ھەدىس)

كىم ئەڭ ئەقىللىق؟

سۆيۈملۈك بالىلىرىم! قايسىڭلار تۆۋەندىكى رەسىملەرگە قاراپ ئۇلارنىڭ قايسى ئىشلار ئىكەنلىكىنى بوش ئورۇنلارغا تەرتىپى بىلەن نومۇر قويۇپ يازالايسىلەر!

....

....

....

....

....

....

....

....

ئاياغقا ياكى پايپاقا مەسھى قىلىش

ئاياغقا ياكى پايپاقا مەسھى قىلىش دېگىنىمىز: تاھارەت ئالغاندا پۇتنى يۇيۇشنىڭ ئورنىغا بۇرۇن تاھارەت بىلەن كىيىلگەن ئۆتۈك، مەسە، قونچلۇق ئاياغ ۋە قېلىن پايپاق قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىنى ھۆل قول بىلەن سىلاش دېگەنلىكتۇر.

قونچلۇق ئاياغ

مەسە

پايپاق

ئاياغقا ياكى پايپاقا مەسھى قىلىشنىڭ شەرتلىرى:

1. ئاياغنىڭ ئوشۇقنى يېپىپ تۇرىدىغان بولۇشى، پايپاقنىڭ قېلىن بولۇشى
2. ئاياغ ياكى پايپاق تاھارەت ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن كىيىلگەن بولۇشى
3. ئاياغ ياكى پايپاقنىڭ پاكىز بولۇشى

مەسھى قىلىش ئۇسۇلى:

ئاياغ ياكى پايپاقىا مەسھى قىلىشتا، قوللارنى ھۆل قىلىپ، ئوڭ قولنىڭ بارماقلىرى بىلەن ئوڭ ئاياغنىڭ ئۈستىگە، سول قولنىڭ بارماقلىرى بىلەن سول ئاياغنىڭ ئۈستىگە سىزىق سىزغان ھالەتتە، بىر قېتىم سىلايمىز.

مەسھىنىڭ مۇددىتى:

سەپەردە ئەمەس ئادەم بىر سوتكا، سەپەردىكى ئادەم ئۈچ سوتكا مەسھى قىلىدۇ. ۋاقىت ھېسابلاش ئۆتۈك كىيگەندە بار بولغان تاھارەت سۇنغان ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ.

مەسھى قىلىش سۇنىڭ ياكى ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقى دېگەندەك قىيىنچىلىقىا بېرىلگەن رۇخسەت، شۇڭا نورمال ئەھۋالدا بولۇپمۇ ئىسسىق ھاۋادا ۋە سۇ كەڭرى يەرلەردە باشقا ئۆزرىسى بولمىسا پايپاقىا ياكى ئاياغقا مەسھى قىلىشقا بولمايدۇ.

ھەدىس

مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر سەپەردە سەپەرداش بولغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ ‹ئەي مۇغىيرە، چۆگۈننى ئالغىنە!› دېدى. مەن چۆگۈننى ئالدىم. رەسۇلۇللاھ يىراق بىر يەرگە بېرىپ ھاجىتىنى ئادا قىلىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈچىسىدا شامنىڭ تونى بولۇپ، بىلىكىنى يەڭدىن چىقىراي دېسە، يەڭ تار كېلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن قولىنى تونىنىڭ تېگىدىن چىقاردى. مەن رەسۇلۇللاھنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بەردىم، رەسۇلۇللاھ تاھارەت ئېلىپ، ئىككى ئۆتۈكىگە مەسھى قىلىپ، ناماز ئوقۇدى».

(«بۇخارىي»، 363 ـ ھەدىس)

تېڭىقنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلىش

يارا ياكى سۇنۇق تېڭىقلىرىنىڭ ئۈستىنى ھۆل قول بىلەن بىر قېتىم سىلاش يۇيۇشنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. ئاز دېگەندە ئۈچ بارماق بىلەن بىر قېتىم سىلاش شەرتتۇر.

تېڭىقنىڭ ئۈستىگە قىلىنغان مەسھىنىڭ مۇددىتى:

تېڭىقلارنىڭ ئۈستىگە تاكى ساقايغانغا قەدەر مەسھى قىلسا بولىدۇ. تېڭىقلارغا مەسھى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تاھارەت بار چاغدا تېڭىلغان بولۇشى شەرت ئەمەس.

غۇسۇل قىلىش

غۇسۇل قىلىش ئۇسۇلى:

1. ئاۋۋال غۇسۇل قىلىشنى نىيەت قىلىپ «بىسمىللاھ» دەپ قولىمىزنى ئۈچ قېتىم پاكىز يۇيىمىز.
2. ئاندىن نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالىمىز.
3. تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، ئاۋۋال بېشىمىزغا ئاندىن ئوڭ ۋە سول مۈرىلىرىمىزگە ئۈچ قېتىم سۇ قۇيىمىز، ھەرقېتىم سۇ قۇيغاندا بەدىنىمىزنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىنى ئۇۋۇلاپ يۇيىمىز. بەدەندە سۇ تەگمىگەن يەر قالماسلىقى شەرت.
4. دەريا - دېڭىز ۋە كۆلگە شۇڭغۇش غۇسلىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

ھەدىس

ئەمر ئىبنى سۇلەيم ئەنسارىي مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ سەئىد مۇنداق دېدى: «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹بالاغەتكە يەتكەنلىكى ئادەمگە جۈمە كۈنى غۇسلى قىلىش، مىسۋاك ئىشلىتىش ۋە تاپالىسا خۇشبۇي ئىشلىتىش ۋاجىبتۇر› دېگەن».

(«بۇخارىي»، 880 - ھەدىس)

تەيەممۇم

تەيەممۇمنىڭ مەنىسى:

تەيەممۇم: سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا ياكى غۇسۇل قىلىشقا ئىمكانىيەت بولمىغاندا، توپا ۋە قۇم قاتارلىق زېمىننىڭ ماددىلىرىغا قوللارنى ئۇرۇپ مەلۇم ئەزالارنى سىلاش ئارقىلىق تاھارەت ئېلىشتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿سۇ تاپالمىساڭلار پاك تۇپراققا ئۇرۇلغان قولۇڭلار بىلەن يۈزۈڭلارنى، قولۇڭلارنى سىلاپ تەيەممۇم قىلىڭلار﴾

(«مائىدە» سۈرىسى، 6 ـ ئايەت)

تەيەممۇم قىلىندىغان ئەھۋاللار

تاھارەت ياكى غۇسۇل ئۈچۈن يېتەرلىك سۇ تېپىلمىسا.

ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىچىدىغان سۇدىن باشقا سۇ بولمىسا.

سۇ تاھارەت ئېلىشقا يارىمايدىغان بولسا.

سۇ ئىشلەتسە ئاغرىپ قېلىش ياكى كېسىلى ئېغىرلىشىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولسا.

سۇ بار جاي خەتەرلىك ياكى يىراق بولسا.

تەيەممۇم قىلىش ئۇسۇلى

1

تەيەممۇم قىلىشنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ «بىسمىللاھ» دەپ باشلايمىز.

2

قولىمىزنىڭ ئالقىنىنى پاكىز تۇپراق ياكى تۇپراق تۈرىدىن بولغان پاكىز نەرسىلەرگە سۈرتىمىز.

3

ئاندىن ئالقىنىمىز بىلەن يۈزىمىزنىڭ ھەممە يېرىنى سىلايمىز.

ساجىيە
ئىسلام ئائىلىسى تەربىيىسى

4

ئاندىن قولىمىزنى بارماقلىرىمىزنىڭ ئۇچىدىن باشلاپ جەينەكلىرىمىزگىچە تولۇق سىلايمىز، بۇنىڭ بىلەن تەيەممۇمنى تاماملىغان بولىمىز.

بىر تەيەممۇم بىلەن تاھارەتكە ئوخشاشلا پەرز ۋە نەپلە نامازلاردىن خالىغانچە ئوقۇشقا بولىدۇ.

هەدىس

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىشىلەردىن ئۈچ نەرسە بىلەن پەزىلەتلىك قىلىندۇق، سەپلىرىمىز مالائىكىلەرنىڭ سەپلىرىدەك قىلىندى ۋە زېمىننىڭ ھەممە يېرى بىزگە مەسجىد قىلىندى، ئەگەر سۇ تاپالماي قالساق زېمىننىڭ تۇپرىقى بىزگە پاكلىغۇچى قىلىندى».

(«مۇسلىم»، 552 ـ هەدىس)

سۆيۈملۈك بالىلىرىم! تۆۋەندىكى سوئاللارغا قايسىڭلار جاۋاب بېرەلەيسىلەر؟

تاھارەتنى قانداق ئالىمىز؟

غۇسلىنى قانداق قىلىمىز؟

مەسھى قىلىش دېگەن نېمە؟

تەيەممۇم دېگەن نېمە؟

تەيەممۇمنى قانداق قىلىمىز؟

قانداق ئەھۋاللاردا تەيەممۇم قىلىمىز؟

تەيەممۇمنىڭ مۇددىتى قانچىلىك؟

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز تۆگىلىرىمىزنى نۆۋەت بىلەن باقاتتۇق، بىر كۈنى بېقىش نۆۋىتى ماڭا كەلگەنىدى. مەن كەچقۇرۇن تۆگىلەرنى يايلاقتا ئاپىرىۋېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلسەم، ئۇ ئۆرە تۇرغان پېتى كىشىلەرگە ھەدىس سۆزلەپ بېرىۋېتىپتۇ، مەن ئۇنىڭ سۆزىدىن تۆۋەندىكى گەپنى ئاڭلىدىم:

«تاھارەتنى كامىل ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن ھالەتتە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلمان بولىدىكەن، جەننەت ئۇنىڭغا ۋاجىپ بولىدۇ». مەن:

- بۇ نېمىدېگەن ساخاۋەتلىك سۆز! - دېۋىدىم. ئالدىمدا تۇرغان بىرەيلەن:

- بۇنىڭ ئالدىدىكىسى بۇنىڭدىنمۇ ساخاۋەتلىك ئىدى، - دېدى. دەرھال قارىسام، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىكەن. ئۇ مۇنداق دېدى:

- مەن سېنىڭ باياتىن كەلگەنلىكىڭنى كۆرگەن ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەن كېلىشتىن بۇرۇن بىزگە مۇنداق دېدى:

«كىمكى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ بولغاندىن كېيىن: «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق مەبۇد يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن» دەيدىكەن، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ سەككىز دەرۋازىسىنىڭ ھەممىسى داغدام ئېچىپ بېرىلىدۇ، ئۇ قايسىنى خالىسا، جەننەتكە شۇنىڭدىن كىرىدۇ».

(«مۇسلىم»، 234 - ھەدىس)

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى روھىڭ سامان بولماس.

ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنىنى يە، كېچە - كۈندۈز غېمىنى يە.

بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، سورىماسلىق ئەيىب.

كىتاب بىلىم بۇلىقى، ئەقىل بىلىم چىرىقى.

ۋاقىتىڭ كەتتى، بەختىڭ كەتتى.

Çocuklar için İslami eğitim

سۆيۈملۈك سەبىي ئۆسمۈرلىرىمىزنى ئىلىم -

مەرىپەت بىلەن قوراللاندۇرۇشقا تىرىشايلى!

ساجىيەنىڭ سوۋغىتى

www.sajiya.biz